# شنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى

1993 - يىل،
30 - نويابىر
سەيشەنبە
292 - سان

新疆公安报
ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

شىنجاڭ گېزىت - ژۇرنال نومۇرى XJ ---- 0010




ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تيەن چيۇ جەڭگە قاتناشقان ساقچىلارنى سەممىي قوبۇل قىلماقتا

## قارا قورۇمدىكى كەڭ كۆلەملىك قوغلاپ تۇتۇش

### «5 - فېۋرال» پارتلىتىش ئەنزىسىدىكىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، يوقىتىش جېڭى خاتىرىسى

جاۋ داجۇڭ

**1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە قاتتىق يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى.**

ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا، «5 - فېۋرال» پاتلىتىش ئەنزىسىدىكى مۇھىم قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتى شىنجاڭ بويىچە قانات يېيىپ كەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ جەڭ مەيدانىنىڭ جىددىي ھەرىكىتى ۋە جاراڭلىق ساداسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ج خ ساقچىلىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېتكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شيۇڭ ئەيشىڭ، ئىدارە باشلىقى جى جىنشۇن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ يەنيۇڭغا ئۈرۈمچىدىن چىقىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھوجۇمغا ئۆتۈش لايىھىسىنى سۇندى.

ئىدارە باشلىقلىرى بىر كۈچلۈك قوغلاپ تۇتۇش كىچىك شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى دەرھال بېكىتتى. جىنايى ئىشلار ساقچىلىرىدىن مۇسا، ئىلھام، جياڭ تاۋ، لى شىجيەن، ئەخمەت، مەمەتجان، جاڭ شىجۇن، يۈجۇنيەنلەر يولغا چىقىشلىۋاتقاندا، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلدىم. ئەھۋالنى پىششىق بىلگەنلىكىمدىن ئەترەت باشلىقلىقىغا بەلگىلەندىم.

جاڭ يەنيۇڭ بىلەن شيۇڭ ئەيشىڭ يامغۇرغا قارىماي تۇققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتىدىكىلەرنى ئۇزىتىپ قويدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئىدارە باشلىقى جاڭ يەنيۇڭ: جىنايەتچىلەرنى تېزدىنراق تۇتماي قايتىپ كەلمەڭلار! دەپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى.

**8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، قەشقەردە ھاۋا تۇتۇق ئىدى.**

مىنىڭ بېيجىڭ 212 تىپلىق جىپ ماشىنامدىن چاتاق چىقتى، ماشىنا تىيانشان داۋانلىرىدىن ئۆتكەندە، ئىككى چاقى تېشىلىپ كەتتى، تومۇز ئىسسىق، چۆل - جەزىرىدە رادىئاتور قىزىپ كېتىپ ماشىنا ماڭالمىدى، ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ بۇ 1500 كىلومېتىر يولنى ئاخىرى بېسىپ بولدۇم.

قەشقەرگە يېتىپ بارغان كۈنىمىزلا، جىنايەتچى ئە × نى رازۋېتكا قىلىشنى باشلىۋەتتۇق. قولغا چۈشۈرۈلگەن ئىلھام مىجىت قاتارلىقلار جىنايەتچى ئە × نىڭ قەشقەر شەھىرى ئۈستەڭبويى مەھەللىسى تاغاچى كوچىسىدا بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ ئۆي ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى ئاساسلىق تۇرىدىغان ئورنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

**8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، قەشقەردە ھاۋا ئوچۇق ئىدى.**

مۇسا قاتارلىقلار ئۈچ كۈن ئىچىدە ئە × نى قولغا چۈشۈردى. ئە × تەشكىلات، ئادەم، قورال - ياراق، پارتلاتقۇچ دورا قاتارلىقلارغا ئالاقىدار نۇرغۇن ئەھۋاللارنى تاپشۇردى. ئۇنىڭ ئۆيى ئەمەلىيەتتە بۇ ئەبلەخلەرنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئالاقىلىشىش نۇقتىسى ئىدى.

**8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قاغىلىقتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى .**

ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى 4 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ زومىڭ تېلېفوندا: سوراق گۇمانلىق ئىنسانلاردىن ئۈرۈمچىدە قاماقلىق ئەيبكارنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى: 52 - يىل ئاپتوبۇسنى پارتلاتقان ئەيبكار ئابدۇللا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تالىپى (دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى) ئىكەنلىكى تەكشۈرۈش گۇمانلىقلار بۇ ئادەمنىڭ ئەنزە يۈز بەرگەن مەزگىلدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار زاۋۇتى مېھمانخانىسىدا قونغانلىقىنى، تىزىملاتقان ۋاقىتلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى نومۇرىنىڭ 0800030 ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى، دېدى.

مەن ئىلھام، لى شىجيەن ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىن جىنتاڭ بىلەن شۇ كۈنى قاغىلىققا يېتىپ كەلدۇق. قاغىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گو × لى شىنجيەننى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ كۆتەكنى تەكشۈردى. كۆتەكتە، ئابدۇللا مەمەت، 71 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇغۇلغان، قاغىلىق ناھىيىسى بەشئېرىق يېزىسىنىڭ 18 - كەنتىدە ئولتۇرىدۇ دەپ ھەممە ئەھۋاللىرى تولۇق تولدۇرۇلغان ئىدى. كۆتەكتىكى سۈرەتتىن قارىغاندا، بۇ ئادەم بىز باشتا تەقلىد قىلىپ سىزغان رەسىمگە ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئوخشايتتى.

سائەت تۆتلەردە، قارا يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى، قاغىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گو × بىلەن سە × نىڭ يول باشلىشى بىلەن، بىز قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىدىكى سەپداشلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە قاغىلىق ناھىيىسىگە تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان بەشئېرىق يېزىسىنىڭ 18 - كەنتىگە باردۇق.

كەنت ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بىزنى بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. 52 - يول ئاپتوبۇسىغا بومبا قويۇپ، ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 23 ئادەمنىڭ زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ جىنايەتچى ئۆيىدىلا قولغا چۈشتى.

دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قازىنىپ، ھەممىمىزنىڭ روھى ھەسسىلەپ كۆتۈرۈلدى.

**8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قاغىلىقتا ھاۋا ئوچۇق ئىدى.**

مۇسا، ئەخمەت ئۇلارنىڭ «دوستى» نى باشلاپ بۈگۈن قاغىلىققا يېتىپ كەلدى.

مەخسۇس ئەنزە تەكشۈرۈش گۇمانلىقلىكى تيەن خېيىڭ ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفوندا، «5 - فېۋرال» پارتلىتىش ئەنزىسىدىكى 5 - بومبىنى قويغان ئەيبكار ئابلىمىتنى قاغىلىقلىقكەن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاممىۋى تىياتىرخانىنىڭ سىنئالغۇخانىسىغا قويۇلغان بومبىنى شۇ قويغانىكەن، دېدى.

بۇ ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن بىز قاتتىق كۈچ سەرپ قىلدۇق، ناھىيە بازىرىدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان 140 نەچچە ئادەمنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان بولساقمۇ، قايسىسىنىڭ مۇھىم جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىر مەھەل بېكىتەلمىدۇق.

**8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، گۇمىدا ھاۋا ئوچۇق ئىدى.**

ئىدرىسخان ئۈرۈمچىدىكى «5 - فېۋرال» پارتلىتىش ئەنزىسى، شايارىدىكى «13 - نويابىر» قوراللىق بۇلاڭ - چىلىق ئەنزىسى، كۇچادىكى «28 - فېۋرال» پارتلىتىش ئەنزىسىدىكى باش جىنايەتچىلەرنىڭ بىرسى، شۇنداقلا بىز قوغلاپ تۇتىدىغان بىرىنچى نومۇرلۇق نىشان ئىدى. بىز ئۈرۈمچى، قەشقەر، قاغىلىقتىكى ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە كېچە - كۈندۈز تەكشۈرۈپ، سوراق قىلىپ، جازا قۇرۇپ، كۈتۈپ تۇرۇپ قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى قەدەممۇ - قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باردۇق.

بىز قاغىلىققا يەنە بىر قېتىم كېلىشىنىڭ ئالدىدا، قاغىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئىدرىسخاننىڭ قورال سېتىۋېلىشىغا ئون مىڭ يۈەن ياردەم قىلغان قۇددۇس ھاجىنى يېغىۋېلىپ تەكشۈرگەن. ئۇ ئىدرىسخان بىلەن ئۈچ كۈچالىقنى 7 - ئايدا گۇمىدىن كەلگەن بىر تالىپنىڭ ئەكەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

بىز ئىدارە باشلىقى گو × بىلەن گۇمىغا قوغلاپ باردۇق. گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئەتىسى ئەتىگەندىلا، ئۇلارنىڭ رازۋېتكا دائىرىسىگە ئاللىقاچان كىرگۈزۈپ بولغان بۇ ئادەمنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى.

(داۋامى 2 - بەتتە)

